شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ھەيئىتى




# شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان سۆز ۋە ماقالىلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى
# خاتىرىلشىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاماقالىلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

责任编辑:阿里木江·塔伊尔
封面设计:巴图
责任校对:吾买尔江
技术编辑:亚生·吐尔地

**纪念新疆三区革命文集** （维吾尔文）

新疆三区革命史编纂委员会

乌布利·斯拉木 译

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
阜康市印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 5.5印张 2插页
1998年1月第1版 1998年1月第1次印刷
印数： 1——5100

---

ISBN7－228－04336－7/D·466 定价:7.70元

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1996 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 1996 - يىل 4 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆人民出版社1996年4月第1版1996年4月第1次印刷本翻译出版 。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىمجان تاھىر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: باتۇ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان
تېخىرىداكتورى: ياسىن تۇردى

**شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلەشكە**
**بېغىشلانغان سۆز ۋە ماقالىلەر**

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ھەيئىتى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوبۇل ئىسلام
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
فۇكاڭ شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتر 32 / 1
باسما تاۋىقى: 5.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1998 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 5100 — 1
ISBN7—228—04336—7/D • 466
باھاسى: 7 . 70 يۈەن

# مۇندەرىجە

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنىدا
سۆزلەنگەن سۆز ( كىرىش سۆز ئورنىدا )
(1994 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ) .......... ۋاڭ لېچۈەن ( 1 )
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ شۇجىسى ، جۇڭ-
گو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۈەنىنىڭ قوماندانى
يولداش ۋاڭ جېننىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغانلىقىنىڭ
بەش يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلگەن
چوڭ يىغىندا سۆزلىگەن سۆزى .......................... ( 11 )
شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ مۇ-
ۋەققەت رەئىسى يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى پارتلىغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇنا-
سىۋىتى بىلەن غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا سۆزلە -
گەن سۆزى .................................... ( 15 )
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى يولداش دېڭ لىچۈننىڭ
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى
خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ
يىغىندا سۆزلىگەن سۆزى .......................... ( 24 )
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى
يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
پارتلىغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا
سۆزلىگەن سۆزى .......................... ( 27 )
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قانداق تونۇش كېرەك ..............
.............................. سەيپىدىن ئەزىزى ( 31 )
يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

قۇربانلار ۋاپاتىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنىدا
سۆزلىگەن سۆزى ......... ................................ ( 43 )
ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار
نىڭ خەلق ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمىتى ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ
— يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق
ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋاپاتىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ
يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ......... ........................ ( 46 )
ئىنقىلابىي قۇربان يولداش ئەخمەتجان قاسىمنى ئەسلەيمىز...
............ ، ............ بۇرھان شەئىدى ( 67 )
پارلاق ئەتە ئۈچۈن
— ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار
ۋاپاتىنىڭ 35 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز...............
.................................... سەيپىدىن ئەزىزى ( 77 )
ئەجداتلارنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش
ئۈچۈن تىرىشايلى ......... ................ چى گو ( 91 )
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق
بەش يولداشنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى
خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان تەزىيە سۆزى ......... ( 101 )
ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىتتىپاقلاشقان،
تەرەققىي تاپقان، گۈللەنگەن سوتسىيالىستىك شىنجاڭ
قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى
— ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف،
دەلىلقان، لوجى قاتارلىق قۇربانلارنىڭ قازا بولغانلىقىنىڭ
40 يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز...
...................................... سۇڭ خەنلياڭ ( 104 )
ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ ھايات
— مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن
شانلىق خىزمەت كۆرسەتكەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق

بەش ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قازا بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى
خاتىرىلەيمەن .................... سەيپىدىن ئەزىزى ( 112 )

ئىنقىلابنىڭ شىددەتلىك ئوتى چېگرا رايوننى قاپلىدى
— شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 50 يىللىقىنى
خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ......... سەيپىدىن ئەزىزى ( 124 )

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن پىداكارلىق
كۆرسەتكەن ........................ لى تەيبۇي ( 132 )

ماۋزېدۇڭ ۋە شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ...... شۇيۇيشى ( 147 )

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىندا سۆزلەنگەن سۆز

( كىرىش سۆز ئورنىدا )

(1994 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى )

ۋاڭ لېچۈەن

يولداشلار :

بۈگۈن ، بىز بۇ يەردە شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 50 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلەۋاتىمىز . مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ھەم ئاممىسىغا ۋەكالىتەن ، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ھېسسىياتىم بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەيمەن ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلارغا ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا قۇربان بولغانلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن . مۇشۇ پۇرسەت بىلەن ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىغا ۋە ئۇنىڭ يېقىن سەبداشلىرى ئىسھاقبېك ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، دەلىلقان ، لوجى قاتارلىق قۇربانلارغا ھەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا قازا تاپقان بارلىق قۇربانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن .

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلەپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇساپىسىنى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلەش ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلىرىنىڭ تۆھپىسىنى ياد ئېتىش ، بۈگۈنكى كۈندە ، بىزنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەستىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، شىن-

جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقە. 1944 ـ يىلى كۈزدە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرى ۋە باشقا تەبىقە خەلقلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا چىداشلىق بېرەلمەي، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئىلغارلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلارغا قارشى قوراللىق كۆرەش قوزغىدى. ئۇلار بىر يىل قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى تامامەن ئىشغال قىلدى. ئۇلار شۇ جايلارنى بازا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ ۋە قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، قوراللىق كۆرەشنى ئاساسىي شەكىل قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھەر خىل شەكىلدىكى كۆرەشلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئىنقىلابنى 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇردى، بۇ قوراللىق كۈچ رەسمىي ھالدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى. شىنجاڭ تارىخىدىكى بۇ كۆرەش ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەپ ئاتالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن زىچ باغلانغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ تۆرتكىسى ئارقىسىدا، پۈتۈن دۇنيانىڭ گېرمانىيە فاشىزمىغا

قارشى كۈرىشى غەلىبە قازانغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە پارتلىغان. ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە كۈچلۈك زەربە بەردى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان ھەربىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئويناپ، ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. يولداش ماۋزېدوڭ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىن-قىلابىغا ئېنىق باھا بەرگەن. 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، يولداش ماۋزېدوڭ غۇلجا ئالاھىدە ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى يولداش ئەخ-مەتجان قاسىمىغا ئەۋەتكەن بىر پارچە خەتتە مۇنداق دېگەن: « سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى، غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسېرى راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىن-جاڭنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد بولۇشىغا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى. سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ ».

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان. ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشتىن كېيىنلا، شىنجاڭدا كوممۇنىستلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 1937 - يىل 5 - ئايدا، تۆتىنچى يۆنىلىش قى-زىل ئارمىيىنىڭ غەربىي يول قوشۇنىدىكى 400 دىن ئارتۇق قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى ۋە قەھرىمانلىق ئوبرازى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىچىدە چوڭقۇر سىياسىي تەسىر قالدۇرغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى

تەشۋىق قىلىش، دېموكراتىيىنى تەشۋىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى تىنچ ۋە دېموكراتىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ چېن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر رەھبەرلەرنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىغا ئىنقىلابنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان. ماركسىزمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى تېزلىكتە يېتىشىپ چىققان، مەسىلەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ل. مۇتەللىپ قاتارلىقلار. ئۇلار ھەر قايسى جايلاردا ئىلغار مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ماركسىزمنى تەشۋىق قىلغان، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا دائىر بايانلىرىنى تەرجىمە قىلغان ۋە بېسىپ تارقاتقان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشنى باشلىۋەتكەن، كېيىن، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا تايانچ كۈچكە ئايلىنىپ، مۇھىم رول ئوينىغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەنىدى. 1946 - يىل 11 - ئايدا، يولداش دۇڭ بىۋۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدا يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىنى ۋە پارتىيىمىزنى قەدىرلەيدىغان ھېسسىياتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغان. يولداش دۇڭ بىۋۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭغا پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى، تاكتىكىسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش پرىنسىپلىرى، ھەربىي تاكتىكىسىنى تونۇشتۇرغان ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كومپارتىيە ئەزاسى پېڭ گوئەننى بىر راتسىيىنى ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىپ خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتكەن. راتسىيىنىڭ ئىقتىدارى يېتەرلىك بولمىغاچقا يەنئەن

بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان ، لېكىن شىنجاڭ ئاگېنتلىقىنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرى ، ماۋزېدۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئىنقىلابىي بايانلىرى راتسىيە ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان . 1949 - يىل 8 - ئايدا ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى يەنە يولداش دېڭ لىچۈننى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سۈپىتىدە غۇلجا ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىپ ، « لىچۈن » راتسىيىسىنى قۇرۇپ ، مەركىزىي كومىتېت بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغان . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېيجىڭدا چاقىرىلىدىغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتەك ئۇلۇغ ئىشنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتناشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلغان . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، ئىسھاقبېك ، دەلىلقان ۋە لوجى يولداشلار شىنجاڭ ۋەكىلى قىلىپ بەلگىلەنگەن ، ئۇلار 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققان بولسىمۇ ، لېكىن بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ ، ھەممىيلەن قازا تاپقان . بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە پۈتۈن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش ، ئۇلار جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرى ، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ شەرەپلىك جەڭچىلىرى . خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ 1949 - يىل 10 - ئايدا « شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى » غا ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسىدا ئېيتقاندەك : « ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانە كۈرەش قىلىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىشى يولىدا قۇربان بولدى . ئۇلار پۈتۈن

جۇڭگو خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرلىشىگە ئەرزىيدۇ » .

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى « پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى » ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى كۆلىمى ناھايىتى زور ئىنقىلابىي ھەرىكەت . ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزى خاتالىقلارمۇ كۆرۈلگەنىدى . خۇددى يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ « پارلاق ئەتە ئۈچۈن » دېگەن ماقالىسىدا ئېيتقاندەك : « ئىنقىلاب دەسلەپكى مەزگىلىدە ، لاۋا - لاتقىلاردىن خالىي بولالمىدى ، بەزى ئەكسىيەتچى ، فېئودال يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بىر قىسىم رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ، ئاتالمىش 〈 شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى 〉 بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، پانئىسلامىزمنى ، پانتۈركىزمنى تەرغىپ قىلدى ، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب بىر مەھەل زىيانغا ئۇچرىدى » . بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ بولغاچقا ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىلغار كۈچلىرىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان .

ئەخمەتجان قاسىمى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، ئىسھاقبېك ، دەلىلقان قاتارلىق يولداشلارنىڭ مەشھۇر تۆھپىسى شۇ يەردىكى ، ئۇلار ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى باتۇرلۇق بىلەن قوغلىۋەتكەن ، ئەكسىيەتچى پىكىر ئېقىمىغا قاتتىق زەربە بەرگەن ، دۆلەت تېررىتورىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈكىدە چىڭ تۇرغان ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان ، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى توغرا يولغا سالغان . بولۇپمۇ مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشتە ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنىڭ ئىپادىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولغان . ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى ، قەھرىمانلىقى ۋە ئۇرۇشقا ماھىرلىقى ، يۈكسەك پەزىلىتى ، ياخشى ئىستىلى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ساقلاقلىق . ئۇلار پىداكارلىق كۆرسەتكەن ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋە پارلاق ئىستىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭى جۇڭگو

قۇرۇش ئىشى ئۇلۇغ ئىش بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتىلىغانلىقىغا بۈگۈن 50 يىل بولدى.
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ كىرىپ
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مىللىي ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە
شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىغىمۇ 45 يىل بولدى. پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە سەمىمىي غەمخورلۇقى ئاس-
تىدا، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتو-
نوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىدا جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارى-
تىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا
غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە
ئاسمان - زېمىن پەرق قىلغۇدەك ئۆزگىرىشلەر بولدى.
بولۇپمۇ، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي
يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى پار-
تىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ئەمەل قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەستىن
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى، باراۋەرلىك،
ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مۇنا-
سىۋەتنى ئۈزلۈكسىز ھالدا مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى، شۇنىڭ بىلەن
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى،
ئىقتىسادىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناھا-
يىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، تۈرلۈك ئىشلار ئوبدان راۋاجلاندى. ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى قۇربانلىرىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىنتىلگەن ھەمدە ئۆز
ھاياتىنى تىكىپ كۈرەش قىلغان غايىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش
قىلىشى ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلاندى، شىنجاڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغان شانلىق مۇساپىسى ۋە قولىغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تارىختا ئەينەن يېزىلىق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قۇربانلىرىنىڭ روھى چوقۇم ئۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ.

يولداشلار، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىگە كىردى. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىغا مېڭىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش» تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقتا. بۇنداق يېڭى ۋەزىيەتتە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش تېخىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭنىڭ پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇشىمىز كېرەك. بىز ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق قۇربانلارنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلار ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ ئىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دەيدىغان ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىمىز، ئەجدادلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش روھىنى ئۆگىنىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك قەدىرلىشىمىز ۋە ئاسرىشىمىز، يۇكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىز بىلەن ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىق

خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدىشىمىز لازىم. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ھايات ۋاقتىدا: شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئىلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىر قىسمى؛ جۇڭگو مېنىڭ ۋەتىنىم، مېنىڭ يۇرتۇم، دېگەنىدى. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەتەنگە بولغان سادىق قەلبىنى ئۆگىنىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا ئوخشاش ئەمەلىي ھەرىكەتىمىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز، بىرلىكتە ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىشىمىز كېرەك. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، بىز تىرىشىپ شىنجاڭنى گۈللەندۇرۇشىمىز، شىنجاڭنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم. شىنجاڭنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇسى ئىدى، شۇنداقلا ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدى، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە داۋاملىق كۈرەش قىلىدىغان شەرەپلىك ۋەزىپىمىز. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىش روھىنى ئۆگىنىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن تەڭ قەدەمدە باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىشقا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

يولداشلار، شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۆھەر زېمىنى، ئۇ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە خەلق، ئەمگەكچان - باتۇر خەلق، پارتىيىنى سۆيىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، سوتسىيالىزمنى سۆيىدىغان خەلق.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش جەريانىدا ، شىنجاڭ غايەت زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ، چەكسىز گۈزەل تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە . بىز پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 4 - نۆۋەتلىك 7 - ئومۇمىي يىغىنى ( كېڭەيتىلگەن ) نىڭ روھىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋار كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز ، قەتئىي بوشاشماستىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز ، بارلىق ئىجابىي ئامىللارنى ئىشقا سېلىشىمىز ، هەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇشىمىز ، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ، تەرەققىياتنى تېزلەتىشىمىز ، مۇقىملىقنى ساقلىشىمىز لازىم . بىز شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش بولۇپ ، ئاممىنىڭ دەردىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ، ئاساسىي قاتلام ۋە ئامما ئۈچۈن ياخشى ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىمىز ، پۇختا خىزمەت نەتىجىمىز بىلەن ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك ، يولداش جاڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىپ ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ ، گۈللەنگەن ، باياشات ، مەدەنىيەتلىك ، سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى .



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com